تېيىپجان ئېلىيېف

# تۈگىمەس ناخشا



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئاتاقلىق شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدىن نەمۇنىلەر

تېيىپجان ئېلىيېۋ

# تۈگىمەس ناخشا

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

唱不完的歌：维吾尔文/铁依甫江·艾力优甫著. —乌鲁木齐：新疆人民出版社，2008.6（2009.2 重印）
ISBN 978—7—228—11686—7

Ⅰ.唱… Ⅱ.铁… Ⅲ.诗歌—作品集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. Ⅰ227

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2008）第 081056 号

| | |
|---|---|
| 作　　者 | 铁依甫江·艾力优甫 |
| 编　　者 | 牙里坤·肉孜 |
| 责任编辑 | 买买提吐尔地·米尔孜艾合买提 |
| 责任校对 | 古丽夏尔·尼格买提 |
| 特约校对 | 亚森·扎依莫夫 |
| 封面设计 | 艾克拜尔·沙力 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| 电　　话 | 0991—2827472 |
| 邮政编码 | 830001 |
| 印　　刷 | 新疆新华印刷二厂 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230 毫米　1/32 |
| 印　　张 | 3.375 |
| 插　　页 | 4 |
| 版　　次 | 2008 年 7 月第 1 版 |
| 印　　次 | 2009 年 2 月第 2 次印刷 |
| 印　　数 | 5001—8000 册 |
| 定　　价 | 10.00 元 |

# نەشرىياتتىن

شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋ 1930 ـ يىلى سۇيدۇڭ (قورغاس) ناھىيىسىدە
دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. دەسلەپكى ساۋاتىنى ئائىلىدە چىقىرىپ،
1938ـ يىلدىن 1948 ـ يىلغىچە ئىلگىرى ـ ئاخىر دىنىي ۋە پەننىي مەك-
تەپلەردە ئوقۇغان. 1948 ـ يىلى غۇلجىغا كېلىپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلا-
بىي ئارمىيىسىگە قاتنىشىپ، ئارمىيە ئورگىنىدا «ئالغا» گېزىتىنىڭ مۇھەر-
رىرى بولۇپ ئىشلىگەن. 1950 ـ يىلى ئۈرۈمچىگە كېلىپ، 1955 ـ
يىلغىچە ئۆلكىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت بۆلۈمى-
دە بۆلۈم باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. 1955 ـ يىلدىن 1958 ـ يىلغىچە
ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ئەدەبىيات ـ سەنئەت
باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئ-
ەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شىنجاڭ ياز-
غۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى، «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش
مۇھەررىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. تېيىپجان ئېلىيېۋ 1959 ـ
يىلدىن 1960 ـ يىلغىچە سولچىل ئىدىيىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ،
تۆۋەنگە چۈشۈرۈلۈپ، ئەمگەككە سېلىنغان، كېيىن ئاقلىنىپ قايتىدىن
ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدە ئىشلىگەن. 1963 ـ يىلدىن 1965 ـ
يىلغىچە مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇغان. تېيىپجان ئېلىيېۋ «مەدە-
نىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئېغىر زىيانكەشلىككە ئۇچراپ بىر مەز-
گىل گۇچۇڭغا سۈرگۈن قىلىنغان، 1973 ـ يىلى نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈ-
لۈپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىگە قايتىپ كەلگەن، 1979 ـ يىلى
جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ 3 ـ قۇرۇلتىيىدا ۋە 1985ـ يىلى جۇڭ-
گو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ 4 ـ قۇرۇلتىيىدا جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئى-

يىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ سايلانغان . ئۇ 1980 ـ يىلى شىنجاڭ
ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 4 ـ
قېتىملىق قۇرۇلتىيىدا بىرلەشمىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، يازغۇچىلار جەمئىيىتى-
نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ سايلانغان . تېيىپجان ئېلىيېۋ 1989 ـ يىل
2 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن .

تېيىپجان ئېلىيېۋ ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىدىكى داڭلىق
شائىرلارنىڭ بىرى . ئۇنىڭ نامى 1950 ـ يىللارنىڭ بېشىدا جۇڭخۇا
خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى ماۋ زېدۇڭغا قەشقەر پاختەكلى يېزىسى
دېھقانلىرىنىڭ نامىدىن يازغان «پاختەكلىدىن خەت» دېگەن شېئىر بىلەن
تەڭ چىققان . 1950 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى ۋە 1960 ـ يىللارنىڭ باشلى-
رىدا يازغان «ۋالاقتەگكۈروفنىڭ ئۆلۈمى»، «تۈگىمەس ناخشا»، «ۋەتەن
ھەققىدە غەزەل» ناملىق شېئىرلىرى ئۇنىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ئورنىنى
مۇقىملاشتۇرغان . 1980 ـ يىللاردا يازغان «زەپمۇ چىرايلىق كەلدى
باھار»، «مۇقام»، «يىغلىما»، «مەيلىمۇ»، «ئانا تىلىم» قاتارلىق بىر
تۈركۈم شېئىر ـ غەزەللىرى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدىكى مۇ-
ھىم تۆھپە بولۇپ قالغان .

بۇ كىتابقا شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بىر
تۈركۈم مۇنەۋۋەر شېئىرلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى .

# مۇندەرجە


جەڭچى ئاكامغا ........................................ 1
بەخت ئارزۇسدا ........................................ 2
ئاداققى سۆزۈم ........................................ 4
ئۆرتندى ........................................ 6
كۈرەشچان تاڭ ........................................ 7
بزنڭ ناخشمز ........................................ 10
ماتەم ........................................ 12
كۆيۈپ قالدم مەن ساڭا ........................................ 15
ۋالاقتەگكۈروفنڭ ئۆلۈمى ........................................ 18
ۋەتنم ........................................ 25
بلمەپتمەن ........................................ 27
تۈگمەس ناخشا ........................................ 29
ۋەتەن هەققدە غەزەل ........................................ 30
گاڭگراش ........................................ 32
ساقيغا ئلتماس ........................................ 33
كۆرۈۋدم چۈشۈمدە بۇلبۇل ........................................ 34
چال، ئوغلۇم! ........................................ 35
نمشبهت خاترسگە ........................................ 36
مللەت هەققدە ........................................ 37
يۇرتۇمنى كۆرۈپ دېگەن گەپلرم ........................................ 39
يانبۇلاق ........................................ 44
مۇقام ........................................ 46

پەلەستىن شائىرى شېئىر ئوقۇدى ........................ 49
يىغلىما ........................ 51
ئوغرىدىن مەككار يامان ........................ 52
شۇندىن بېرى ........................ 53
مەيلىمۇ ........................ 54
ئالدىدا ........................ 55
ئۆزۈمدىن ئۆتتى ........................ 56
ئەجەب گەپقۇ ........................ 57
مەلھەم ئوق ........................ 58
دەپتىمەن ........................ 59
بولمىسا ........................ 61
جانان كېلىدۇ ........................ 62
ئۆرگىلەي ........................ 63
مەن شۇنداق بىر ئوغۇل بالا مەن ........................ 64
ئانا تىلىم ........................ 69
ئەي كۆڭۈل، كەڭ تۇت ئۆزۈڭنى ........................ 75
كەچمىگىن، دوستۇم، سەممىيەتتىن ........................ 76
سوغۇق سۇ ........................ 78
شان ـ شەرەپ ئەھلى ........................ 79
تەمبۇرچى دوستۇمغا ........................ 80
شائىر يۇرتىدا شائىرنى ئەسلەپ ........................ 81
سەرۋەڭگە قاراپ ........................ 84
ۋاي ئىست! ........................ 86
ئەزرائىل ئالدىدا ........................ 87
يۈرەك ياشلىرىم ........................ 89
كۆردۈم شۇنداق ھازىدارنى ........................ 92
ئەل بۇلبۇلى ........................ 94
رۇبائىيلار ........................ 96

# جەڭچى ئاكامغا

بىللە بارماق بولغىنىمدا سەن بىلەن،
كومسسىيە كىچىك دېدى يېشىمنى ·
ئۆسكەن بولسا بويۇم يەنە بىر غېرىچ،
فرونتلاردا كۆرسىتەتتىم كۈچۈمنى ·

بىلەلمىدىم، كومسسىيە دېگەنلەر -
ئىرادىنى ئۆلچەمدىكىن ياش بىلەن ·
ئالغان بولسا كىچىك دېمەي يېشىمنى،
ئېلىشاتتىم دۈشمەن دېگەن نەس بىلەن ·

ئاڭلا، ئاكا، بۇيىل ئۆستى بويۇمۇ،
ھېچ گۇمانسىز ئەسكەرلىككە يارايمەن ·
پات ئارىدا بېرىپ سېنىڭ قېشىڭغا،
دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىمەن، ھارمايمەن ·

1945 - يىل، قورغاس

# بەخت ئارزۇسىدا

تۇنجۇقۇپ غەم ـ قايغۇ تۇماندا ئۆتتى كۆپ ھايات،
ئاھۇ ـ پەريادلار كۆتۈردى، تاپمىدى تەلەي ـ مۇراد .

قانچە ئادەملەر ئېسىلدى شۇم ئەجەلنىڭ دارىغا،
قانچە مەقسەتلەر كۆمۈلدى قارا زۇلمەت غارىغا .

قانچىلار شۇ بەخت ئۈچۈن جان رىشتىسىنى باغلىسا،
ئاچ ـ يېلىڭ زىندان ئىچىدە كۆكرىكىنى داغلىسا .

يەتمىدى بەخت مەنزىلىگە قانچە شېرىن ئارمىنى،
قازدى تاغلار، كەتتى ئاخىر قانچە پەرھاد دەرمىنى .

رەھمى قىلماي ئۆتتى يىللار، ئۆتتى قويۇن قۇترىشىپ،
بەخت دېگەن دەردمەنگە ھەر دەم تۇردى پىشكەل پۈتلىشىپ .

قانۇ ـ تەر تۆككەن كىشىنىڭ قولى بەختكە يەتمىدى،
ئەمما راھەت مۇتتەھەملەرنىڭ قولىدىن كەتمىدى .

مۇتتەھەملەر مۇتتەھەملىك تەختىگە سۇلتان بولۇپ،
ئەمگەك ئەجرى – بەخت ئىشىكىگە سىلىپ كەلدى قۇلۇپ .

ئاخىرى زامانىمىز ئەل ئارزۇسىغا جان بېرىپ،
ياتمىغىن، دېدى، قارا تەقدىرگە ئەمدى تەن بېرىپ .

سر ئېچىلدى، ئەمدى يەتتۇق قارا تەقدىر تەكتىگە،
ئۆملىشىپ مەيداندا مۇشت ئاتتۇق زۇلۇمنىڭ تەختىگە.

تەڭرىتاغنىڭ باغرىدا ئۇلغايدى تەۋرەش دولقۇنى،
ئەنە، تاڭنى ئويغىتىپ، يانماقتا ئىقبال چولپىنى.

ئارزۇمىز مەھبۇبى– بەخت كەلمەكتە ئېچىپ كەڭ قۇچاق،
چىقمىز ئىقبالغا ئەمدى ياڭرىتىپ باتۇر قوشاق.

1947 - يىل



# ئاداققى سۆزۈم

تاك بۇلقدىن ئىچسەك شاراب دەپ،
يانغاچقا كۆكۈلدە ئۈمد يالقۇنى؛
ئاتتۇق ئۆزىمىزنى چېلش قوينغا،
بولمايمز ئەمدى دەپ زۇلمەت تۇتقۇنى .

قىپقىزىل قانلار سەلدەك ئېقتتۇق،
دەشتلەرنىڭ باغرىنى گۈل قلماق بولۇپ .
جۇدۇنلار لەشكرىنى ئۇرۇپ يىقتتۇق،
باھار قۇياشىدىن نۇر ئالماق بولۇپ .

ئارزۇمز دۇنيادا مەڭگۈلۈك باھار،
ئېلىشمىز ئۇنىڭ ۋەسلىنى ئىزدەپ .
بىز نېچۈن ھەر نەپەس بولمايلى ھوشيار،
تۇرسا تۈن كۈندۈزنى قاپلاشنى كۆزلەپ،

قانداق ئوراپ ئالسۇن خىجالەت بىزنى،
ئۆسۈۋاتسا دىلدا چېلىش تۇيغۇسى .
قانداق بوزەك قىلسۇن جاھالەت بىزنى،
بولمىسا كۆزىمىزدە غەپلەت ئۇيقۇسى .

چەكمەيمىز نادامەت، ئەنە كۈلمەكتە
بەخت دىلبەرلىرى كۆكسىنى كېرىپ .



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

ئەنە، سۈزۈك مەقسەت چاڭنى سۈرمەكتە،
قۇياش خۇش كۈلمەكتە ئۇپۇقنى يېرىپ .

مەنمۇ چېنقشنڭ چوڭ قاينمدا،
جەڭگۋار بوۋايلار باسقان ئزدا مەن .
قلچە قڭغرلق يوق نيەت ئايغدا،
هېلمۇ شۇ ــ باشتا قلغان سۆزدە مەن .

جان ۋەتەنگە بەرگەن ئوتلۇق قەسمم ،
يالقۇنلۇق يۈرىكمدە مەڭگۈگە يانار .
ئۆلۈپ كەتسەم مەيلى، قالدۇ ئسمم،
قەبرەم ئۈستدە گۈللەر ئېچلار .

ئاداققى سۆزۈم شۇ، ئاڭلا خالايق،
بۇ يۈرىكمنڭ چوڭقۇر، چن سرى .
ئەركنلك، هۆرلۈك كملەرگە لايق،
تەلەپ قلسۇن ئەجرنى ماڭلاي تەرى !

1948 - يىل ئاپرېل، قورغاس



# ئۆرتىدى

بۇ يۈرەكنى، ئەي نىگار، ئاھۇ پىغانىڭ ئۆرتىدى،
بىگۇناھ يەرگە تۆكۈلگەن لالە قانىڭ ئۆرتىدى.
جۇت زىمىستان دەھشىتى قىلغاچقا باغىڭغا ھۇجۇم،
ياشىرالماي سارغىيىپ سولغان خازانىڭ ئۆرتىدى.
پۇت - قولۇڭ زەنجىرگە بەند تۇتقۇن كەبى غەمخانىسەن،
شۇم چايانلار ئۇۋىسى زىندان ماكانىڭ ئۆرتىدى.
كۆزلىرىڭدىن ئاقتى ياش، باغرىڭدا يالقۇنجايدۇ ئوت،
يۈرىكىمنى ياش ئەمەس، ئوتلۇق قىيانىڭ ئۆرتىدى.
ئىنتىزارلىق ئوتىدا سەكپارىدۇر باغرىڭ سىنىڭ،
جۈرئىتىڭنىڭ كۆڭلىنى ۋەسلى خىيالىڭ ئۆرتىدى.

1949 - يىل



## كۈرەشچان تاك

تۇمانلىق كېچىلەر، دەھشەت ئۇۋىسى،
ئۆلكەم ئەڭ ئېغىر قايغۇ ـ ماتەمدە.
تاقەت قىلغۇسىز ئېچىنىشلىق ھال
قوزغايدۇ غەزەپ ھەممە ئادەمدە.
يا كۆرمەي زاماندىن بىر نەپەس ئارام،
قىينىلىدۇ جان ھەسرەت دىيغىدا.
جۇدۇنلۇق ئالەمنىڭ مۇدھىش دەستىدىن،
گۈللەر سولاشقان كۆڭۈل بېغىدا.
يوقسۇل ئانىلار كوچىدا سەرسان،
يىغلايتتى «مەمەم» دەپ ئۆيدە بوۋاقلار.
ئالۋان جاكاسى ياغدۇرۇپ دەھشەت،
ئەلنى ساۋايتتى قامچا، تاياقلار.
ئۇچۇرۇپ كېتەتتى تۆككەن ئەجرىنى
قاراڭغۇ كېچىنىڭ قۇيۇنتازلىرى.
تۈنلەر قورقۇنچلۇق، دەملەر بوغۇلغان،
قىچقارمايدۇ يا تاڭ خورازلىرى.
پايانسىز چۆللەر سۇغا تەلمۈرۈپ،
چاڭقاق نەپەستە ھالسىز ياتاتتى.
رەھىمسىز يىللار ئېغىز ھجايتىپ،
ئەندىشە ئۈستىگە ئەندىشە قاتتى.
دەۋرنىڭ قىستاڭغۇ مۇدھىش قوينىدا،

ئېزىلىپ ياتقان ئەندى مىليونلار.
يۈرەكنى تىلاتتى زۇلۇم تىغىدا،
زۇلۇمكار، شەپقەتسىز، ۋەھشىي مەلئۇنلار.
دەردمەن ئېلىمنىڭ بېشىدا ئوتلار،
گويا دوزاختەك ياندى ۋاراسلاپ.
ئاسماننى قاپلاپ قارا بۇلۇتلار،
جۇدۇن ياغدۇردى گۈلدۈر قاراسلاپ.
زۇلمەت، جاھالەت ياغدۇرۇپ ئاپەت،
ئۆلكەمنى قاپلىدى ئىپلاس تۇزانغا.
ئەمما يۈرەكلەر ئۈمىدكە تولغان،
ھەممە ئىنتىزار كۈرەشچان تاڭغا.

پەقەت نويابىر شەپقەت قۇياشى
ئەلنى ھالاكەتتىن ئالدى قۇتقۇزۇپ.
ئۇتۇق نىشانلاپ باشلاندى كۈرەش،
دۈشمەن كۆزىدىن قان ـ ياش ئاققۇزۇپ.
ئۆلكەم سىغىنغان بۇ كۈرەشچان تاڭلار
كۆتۈردى تارىخنى يېڭى باسقۇچقا.
كۆرسەتتى بۇ تاڭ خەلقىم كۈچىنى،
رەھىمسىز، غالجىر، ۋەھشىي يىرتقۇچقا.
بۇ كۈرەش تېڭى ۋەتەن خەلقىگە
كەلتۈردى خەۋەر ئۇلۇغ ھاياتتىن.
بۇزۇلدى ئەلنىڭ قاتتىق ئۇيقۇسى،
دەۋرىمىز پارلىدى شانلىق غازاتتىن.
بۇ كۈرەش تېڭى پارلاتتى روشەن
ئەزىز يۇرتۇمنىڭ شەرەپ ـ شانىنى.
بۇ كۈرەشچان تاڭ ھەققانىيەتنىڭ
قۇردى پۇختىلاپ ئىستىھكامىنى.
بۇ كۈرەشچان تاڭ كۈرەشچى ئەلگە

يەتكۈزدى بەختتىن ئەڭ ئۇلۇغ ئىنئام .
بۇ كۈرەشچان تاڭ شائىر كۆڭلىدە
قوزغىدى چەكسىز كۈرەشچان ئىلھام .
بۇ ئۇلۇغ تاڭدا تۇۋۇلانغا قىقاس
پارلاق ھاياتقا ئورناتتى ئاساس .
بۇ تاڭ يالماۋۇز، ۋەھشىي مەلئۇنغا
قوزغاتتى ئوتلۇق يۈرەكتە قىساس .

نويابىر تېڭى قوزغىغان تۇيغۇ
كۈرەشچان ئەلگە نۇسرەت بېرىدۇ .
تۆكۈلگەن قاندىن ئۈنگەن چېچەكلەر
كەلگۈسى ئەۋلادقا مەدەت بېرىدۇ .

1948 - يىل نويابىر





# بىزنىڭ ناخشىمىز

(مىللىي ئارمىيە قورۇلغانلىقىنىڭ تۆت يىللىق تويىغا بېغىشلاپ)

دەۋرنىڭ ئوتلۇق قايىنمى
قىچقىرىدۇ قويىنغا
يۈرىكى توم مەردلەرنى .
يازغۇم كېلىدۇ
شۇ قايىنامنىڭ قويىندا
يالقۇنلۇق بېيىتلەرنى .

ئەنە،
كەڭ مەيداننى يېرىپ ماڭىدۇ
ئۇزاقنى كۆزلىگەن بىزنىڭ سېپىمىز،
ئېيتىدۇ ناخشىلارنى چاڭ كەلتۈرۈپ .
تېيىلماس ئاياغلار چامدايدۇ گۈس - گۈس،
ھەر چامدامدا زەپەر ئۈندۈرۈپ .
سانسىز دوستلارنى خۇشال قىلىدۇ،
تېخى ئېيتىشقا بولمايدىغان
قايناق ئۈمدلەرنىڭ دولقۇنىغا چۆمدۈرۈپ .

ئۇزاقتىن بېرى
بۇ كوچىلار ئۆز باغرىدا
ھېچ كۆرمىگەن بۇنداق يۈرۈشنى،
ئاڭلىمىغان بۇنداق ناخشىنى ھەتتا .



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com